شىنجاڭ گېزىتى

2020- يىل 12- ئاي
2
چارشەنبە
维吾尔文 12 月2日

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى 新疆日报网: www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن ئۇدا نەشر بۇيۇمى نومۇرى: CN 65-0002/-W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1-57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 25263- سان بۈگۈن 4 بەت

شى جىنپىڭ «پەلەستىن خەلقىگە مەدەت بېرىش خەلقئارا كۈنى»نى خاتىرىلەش يىغىنىغا تەبرىك تېلېگراممىسى ئەۋەتتى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 12- ئاينىڭ 2- كۈنى تېلېگراممىسى 12- ئاينىڭ 1- كۈنى، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى «پەلەستىن خەلقىگە مەدەت بېرىش خەلقئارا كۈنى»نى خاتىرىلەش يىغىنى ئۆتكۈزدى، دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ يىغىنغا تەبرىك تېلېگراممىسى ئەۋەتتى.

شى جىنپىڭ تەبرىك تېلېگراممىسىدا مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: پەلەستىن مەسىلىسى ئوتتۇرا شەرقتىكى مەنبە خاراكتېرلىك مەسىلە بولۇش سۈپىتى بىلەن، رايون تىنچلىقى، مۇقىملىقىغا مۇناسىۋەتلىك، خەلقئارا ئادىللىق، ھەققانىيلىققا مۇناسىۋەتلىك، ئىنسانىي ۋىجدان ۋە ئەخلاق- ھەققانىيلىققا مۇناسىۋەتلىك. پەلەستىن بىلەن ئىسرائىلىيەنىڭ قوشنا بولۇپ ئۆتۈش،

(ئاخىرى 2- بەتتە)

شى جىنپىڭ مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ 25- قېتىملىق كوللېكتىپ ئۆگىنىشىدە مۇنداق تەكىتلىدى:

بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداش خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىپ، يېڭىلىق يارىتىش ھاياتىي كۈچىنى قوزغىتىپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولۇش كېرەك

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 12- ئاينىڭ 1- كۈنى تېلېگراممىسى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى 11- ئاينىڭ 30- كۈنى چۈشتىن كېيىن دۆلىتىمىزنىڭ بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداش خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا 25- قېتىملىق كوللېكتىپ ئۆگىنىش قىلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى شى جىنپىڭ ئۆگىنىشكە رىياسەتچىلىك قىلغاندا مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداش خىزمىتى دۆلەتنى ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىغا مۇناسىۋەتلىك، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا مۇناسىۋەتلىك، خەلق تۇرمۇشىنىڭ بەختلىك بولۇشىغا مۇناسىۋەتلىك، دۆلەتنىڭ سىرتقا ئېچىۋېتىش چوڭ ۋەزىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك، دۆلەت خەۋپسىزلىكىگە مۇناسىۋەتلىك. ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش، جەزمەن دۆلەت ئىستراتېگىيەسى يۈكسەكلىكى ۋە يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا كىرىش تەلىپىدىن چىقىش قىلىپ، بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداش خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىپ، زامانىۋى ئىقتىساد سىستېمىسى قۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ يېڭىلىق يارىتىش ھاياتىي كۈچىنى قوزغىتىپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولۇش كېرەك.

بېيجىڭ داشۆ قانۇن شۆبىسىنىڭ پروفېسسورى، بېيجىڭ داشۆ خەلقئارا بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى تەتقىقات مەركىزىنىڭ مۇدىرى يى جىمىڭ بۇ مەسىلە توغرىسىدا چۈشەنچە بەردى، خىزمەت تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىدىكى يولداشلار ئۇنىڭ چۈشەندۈرۈشىنى ئەستايىدىل ئاڭلىدى ھەم مۇھاكىمە قىلدى.

شى جىنپىڭ ئۆگىنىشكە رىياسەتچىلىك قىلغاندا سۆز قىلدى. ئۇ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: يېڭىلىق يارىتىش تەرەققىياتقا يېتەكچىلىك قىلىدىغان بىرىنچى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ، بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغدىغانلىق يېڭىلىق يارىتىشنى قوغدىغانلىق. پارتىيە 19- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5- ئومۇمىي يىغىنىنىڭ «تەكلىپ»ىدە بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداش خىزمىتىنى كۈچەيتىشكە قارىتا ئېنىق تەلەپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ھازىر، دۆلىتىمىز بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى كىرگۈزىدىغان چوڭ دۆلەتتىن بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى يارىتىدىغان چوڭ دۆلەتكە ئۆزگەرمەكتە، بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى خىزمىتى سان قوغلىشىشتىن سۈپەتنى ئۆستۈرۈشكە ئۆزگەرمەكتە. دۆلىتىمىزنىڭ بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداش خىزمىتىنىڭ ۋەزىيىتى ۋە ۋەزىپىسىنى ئېنىق تونۇپ، نەتىجىلەرنى يەكۈنلەپ، يېتەرسىزلىكلەرنى تېپىپ چىقىپ، بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداش خىزمىتىنىڭ مۇھىملىقىغا بولغان تونۇشىمىزنى ئۆستۈرۈپ، بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداش خىزمىتىنى كۈچەيتىش جەھەتتىن، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىش، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشنى كۈچلۈك كاپالەت بىلەن تەمىنلىشىمىز كېرەك.

(ئاخىرى 2- بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېت (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى، ئۆگىنىلدى

باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، «14- بەش يىل»دىكى خىزمەتلەرنى ئىلمىي پىلانلاپ، ياخشى باشلاش، ياخشى قەدەم ئېلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك

چېن چۈەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **ياۋ تۇڭ، ۋاڭ شىگرۇي** خەۋەر قىلىدۇ: 12- ئاينىڭ 1- كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېت (كېڭەيتىلگەن) يىغىنى ئېچىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى يىغىنىنىڭ روھى قاتارلىقلارنى يەتكۈزدى، ئۆگەندى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش پىكرىنى تەتقىق قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، يۈكسەك ئىدىيە ئاڭلىقلىقى، سىياسىي ئاڭلىقلىق، ھەرىكەت ئاڭلىقلىقى بىلەن «ئارمىيەنىڭ سىياسىي خىزمەت نىزامى»، «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ بىرلىك سەپ خىزمىتى نىزامى»، «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ھوقۇق- مەنپەئىتىنى كاپالەتلەندۈرۈش نىزامى»نى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇش خىزمىتىنى پۇختا، ياخشى ئىشلەش كېرەك. ھەقىقىي تۈردە سىياسىي يۈكسەكلىكنى ئۆستۈرۈپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئۈچ نىزامغا تۈزىتىش كىرگۈزۈشنىڭ مۇھىم، زور ئەھمىيىتىنى چوڭقۇر تونۇپ، ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھى ۋە يىغىنىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى، ئورۇنلاشتۇرمىلىرىغا قەتئىي بىرلىككە كەلتۈرۈپ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر- ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى دەل جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. بىرلىك سەپنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، پارتىيەنىڭ بىرلىك سەپ خىزمىتىگە بولغان مەركەزلىك بىرتۇتاش رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىپ، بىرلىك سەپ خىزمىتىنىڭ ئىلمىيلىشىش، قېلىپلىشىش، تۈزۈملىشىش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، ئىتتىپاقلاشتۇرۇشقا بولىدىغان بارلىق كۈچلەرنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، قوزغىتىشقا بولىدىغان بارلىق ئاكتىپ ئامىللارنى قوزغىتىپ، ئەڭ كەڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك بىرلىك سېپىنى ھەقىقىي مۇستەھكەملەپ ۋە ياخشى راۋاجلاندۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىشنىڭ قۇدرەتلىك بىرىكمە كۈچىنى ئۈزلۈكسىز مۇجەسسەملەش كېرەك. پارتىيە ئەزالىرى قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش كېرەك، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ مەجبۇرىيىتى ۋە ھوقۇق- مەنپەئىتى توغرىسىدىكى دائىملىق تەربىيەنى قانات يايدۇرۇپ، تۈزۈم- مېخانىزمنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىجرا قىلىش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، كەڭ پارتىيە ئەزالىرىنى يېڭى دەۋر يۈكلىگەن تارىخىي ئېغىر ۋەزىپىنى ھەقىقىي زىممىگە ئېلىپ، ئاكتىپلىقى، تەشەببۇسكارلىقى،

(ئاخىرى 2- بەتتە)

بىڭتۈەن بىلەن يەرلىكنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتى خىزمىتى بىرلەشمە يىغىنى ئېچىلدى

بىڭتۈەن بىلەن يەرلىكنىڭ يۇغۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىپ، يېڭى دەۋردىكى شىنجاڭنىڭ يېڭىچە شەھەر- بازارلاشتۇرۇش مۇساپىسىنى تېزلىتىش كېرەك

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **يۈەن لېي** خەۋەر قىلىدۇ: 12- ئاينىڭ 1- كۈنى، بىڭتۈەن بىلەن يەرلىكنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتى خىزمىتى بىرلەشمە يىغىنى ئېچىلدى، يىغىندا بىڭتۈەن بىلەن يەرلىكنىڭ يۇغۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىش ۋە يېڭى دەۋردىكى يېڭىچە شەھەر- بازارلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى قاتارلىق خىزمەتلەر مەخسۇس تېمىدا تەتقىق قىلىندى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى، بىڭتۈەن بىلەن يەرلىكنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتى خىزمىتى بىرلەشمە يىغىنىنىڭ بىرىنچى چاقىرغۇچىسى شۆھرەت زاكىر، بىڭتۈەن پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، سىلىڭيۈەن پىڭ جىيارۇي يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

(ئاخىرى 3- بەتتە)

扫码下载 石榴云 客户端
新疆日报 石榴云 天山网 www.ts.cn
新疆报业传媒集团

يېڭى باشلىنىش يېڭى مۇساپە

تاتلىق سۇ كەلپىننى ياشناتتى كەسپلەر ئۈنۈمنى ئۆستۈردى

5- ئومۇمىي يىغىن روھى ئاساسىي قاتلامدا

☐ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز جياڭ جىلى، ئاقسۇ مۇخبىرلار پونكىتىدىن جاڭ جىڭ

11- ئاينىڭ 28- كۈنى، كەلپىن ناھىيە بازىرى ئەتراپىغا جايلاشقان شىنجاڭ ئەلنۇرى يېزا ئىگىلىك پەن- تېخنىكا تەرەققىيات چەكلىك شىركىتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش سېخىدا، مۇخبىرلار يۇيۇپ قۇرۇتۇلغان بۇغداينىڭ ئاپتوماتىك ئۇن ئىشلەپچىقىرىش لىنىيەسىدە ناھايىتى تېزلا پىششىقلىنىپ يۇقىرى سۈپەتلىك ئۇنغا ئايلاندۇرۇلۇشىنى كۆردى.

«شىركەت ئىشلەپچىقارغان ئۇننىڭ ئىچكىرى رايون بازارلىرىدا بارغانسېرى ئالقىشقا ئېرىشىشى، تېگى- تەكتىدىن ئېيتقاندا كەلپىن ناھىيەسىنىڭ ياخشى ئېكولوگىيەلىك مۇھىتىدا ئەلا سۈپەتلىك يېتىشىلگەن، ئورگانىك بۇغداي تېرىلغانلىقىدىن، شىركەت تەتقىق قىلىپ ئاچقان تۆۋەن سۈرئەتلىك، تۆۋەن بېسىملىق، تۆۋەن تېمپېراتۇرىلىق ئېزىش تېخنىكىسى قاتارلىق ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىدىن بولدى، بۇ يەنە شەھەر، يېزىلارنىڭ ئىچىدىغان سۇ بىخەتەرلىكى قۇرۇلۇشى ئېلىپ كەلگەن يۇقىرى سۈپەتلىك سۇدىن ئايرىلالمايدۇ» دېدى شىنجاڭ ئەلنۇرى يېزا ئىگىلىك پەن- تېخنىكا تەرەققىيات چەكلىك شىركىتى ئىشلەپچىقىرىش بۆلۈمىنىڭ مەسئۇلى ئەلى ماموت.

«پۈتۈن ناھىيە تەۋەسىدە تاتلىق سۇ يوق.» بۇ 20- ئەسىرنىڭ 80- يىللىرىدا سۇچىلىق مىنىستىرلىقى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە سۇ بايلىقىنى تەكشۈرگەندىن كېيىن، كەلپىن ناھىيەسىنىڭ سۇ سۈپىتى توغرىسىدا چىقارغان يەكۈن. ئۇنىڭ ئۈستىگە تەبىئىي شارائىتى ناچار، نامرات نوپۇس كۆپ بولغاچقا، 1985- يىلى بۇ ناھىيە دۆلەت دەرىجىلىك نامرات ناھىيە قىلىپ بېكىتىلگەن، 2017- يىلى ئېغىر نامرات ناھىيە قاتارىغا كىرگۈزۈلگەن.

ئەمەلىيەتتە، 1995- يىلىدىن باشلاپ، كەلپىن ناھىيەسى 20 نەچچە يىلغا سوزۇلغان سۇنى ياخشىلاش خىزمىتىنى يولغا قويغانىدى، لېكىن سۇ مەنبەسىدىكى سۇ مىقدارى يېتەرلىك بولماسلىق، سۇ سۈپىتى ئۆلچەمگە يەتمەسلىك، سۇ بىر تەرەپ قىلىش ئەسلىھەلىرىنىڭ يۈرۈشلۈك تەلىپى يۇقىرى بولۇش سەۋەبىدىن، ئىچىدىغان سۇ بىخەتەرلىكى مەسىلىسى باشتىن- ئاخىر تۈپتىن ھەل بولمىدى. 2018- يىلى 12- ئايدا،

(ئاخىرى 4- بەتتە)

ئايروپىلان بىلەن ئوت- چۆپ تېرىش

12- ئاينىڭ 1- كۈنى، قۇتۇبى ناھىيەسىنىڭ چۇرگۇل بازىرىدىكى قىشلىق ئوتلاقتا بىر تىك ئۇچار ئايروپىلان مەشغۇلات قىلماقتا. بۇ يىل، قۇتۇبى ناھىيەسى چېكىنگەن ئوتلاق ئېكولوگىيەسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش- تۈزەش تۈرىنى زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇپ، ئايروپىلان بىلەن 35 مىڭ مو يەرگە قىلتىرىقسىز ئارپىخان، ئۈزۈن نىجىم قاتارلىق ئەلا سۈپەتلىك ئوت- چۆپ ئۇرۇقى چېچىشنى پىلانلىدى.

☐ تاۋ ۋېيمىڭ فوتوسى

تىجارەت- سودا مۇھىتى ئۈزلۈكسىز ئەلالاشتى

شىنجاڭنىڭ «13- بەش يىل»ىغا نەزەر

☐ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز رىن خۇا، ئىختىيارىي مۇخبىر لى شۈەنبىن

تىجارەت- سودا مۇھىتى ئىشلەپچىقىرىش كۈچىدۇر، تىجارەت- سودا مۇھىتىنى ئەلالاشتۇرغانلىق ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلغانلىق، رىقابەت كۈچىنى ئاشۇرغانلىق. «13- بەش يىل» مەزگىلىدە ئاپتونوم رايونىمىز «قويۇپ بېرىش، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش» ئىسلاھاتىنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىپ، بازار ئىجازىتىنى كەڭ قويۇۋېتىپ، تەكشۈرۈپ تەستىقلاش تەرتىپىنى ئەلالاشتۇرۇپ، تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ھوقۇقىنى تۆۋەنگە چۈشۈرۈپ، تىجارەت- سودا مۇھىتىنى سىجىل ياخشىلىدى.

بەش يىلدىن بۇيان، تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ئازايدى، باج- ھەق يېنىكلىدى... ياخشى تىجارەت- سودا مۇھىتى ساپ ھاۋاغا ئوخشاش بازار سۇبيېكتلىرىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى قوزغىتىپ، ئاپتونوم رايونىمىز ئىقتىسادىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا كۈچلۈك ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قوشتى.

ئىش بېجىرىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش كارخانا قۇرۇش رەسمىيىتىنى بېجىرىش ۋاقتىنى قىسقارتىش

كىملىكنى يېنىك سۈركەپ، تىجارەت كىنىشكىسىنى بېسىپ چىقىرىش كۇنۇپكىسىنى چېكىپ، ئادەمنىڭ چىرايىنى سكاننېرلاپ پەرقلەندۈرسە، ماشىنا كىنىشكىنى چىقىرىپ بېرىدۇ، پۈتكۈل جەريانغا پەقەت بىر مىنۇتلا كېتىدۇ!

11- ئاينىڭ 20- كۈنى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ھۆكۈمەت ئىشلىرى مۇلازىمەت مەركىزىنىڭ كەسپ زالىدا، تىجارەت كىنىشكىسىنى ئەمدىلا ئالغان شىنجاڭ خەلقئارا جىدى ئۆي- زېمىن تەرەققىيات چەكلىك شىركىتى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى ۋاڭ لىجيې ھاياجانلانغان ھالدا مۇنداق دېدى: «تېخى تۈنۈگۈنلا توردا ئىلتىماس سۇنغانىدىم، بۈگۈن تىجارەت كىنىشكىسىنى بېجىرىپ بولدۇم، ھازىر ھۆكۈمەت تارماقلىرىنىڭ ئىش بېجىرىش ئۈنۈمى ھەقىقەتەن يۇقىرى ئىكەن!»

«13- بەش يىل» مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايونىمىز بازار نازارەت قىلىش- باشقۇرۇش تارماقلىرى 100 تۈرلۈك «ئىجازەتنامە بىلەن كىنىشكىنى ئايرىش» ئىسلاھات ۋەزىپىسىنى تاماملاپ، «26 كىنىشكىنى بىرلەشتۈرۈش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، 50 تۈردىكى سانائەت مەھسۇلاتىنى ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ،

(ئاخىرى 4- بەتتە)